سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر

مۇخبىرلار ئۇزۇن سەپەر يولىدا قايتا مېڭىش

# 83 يىل ئىلگىرى، ئاشۇ بىر توپ ياشلارنىڭ شېئىرى ۋە تەلپۈنۈشى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى

يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان دىچىڭ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى شاڭگىللا شەھىرى ئىلگىرى جۇڭدىيەن ناھىيەسى دەپ ئاتىلاتتى. تەبىئەت بۇ يەردە سىرلىق قارلىق تاغ، خەتەرلىك جىلغا ۋە ئەينەكتەك سۈپ-سۈزۈك كۆللەرنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ جاي ھازىر شەھەرلىكلەر تەلپۈنىدىغان شېئىرىي ھېسسىياتقا تولغان گۈزەل سەيلىگاھ!

1936 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، خې لۇڭ، رېن بىشى قاتارلىقلار قىزىل 2 ـ، 6 ـ جۈنتۈەننى باشلاپ، لىجياڭ دەرياسىنىڭ يۇلۇڭ ناھىيەسىدىكى شىگۇدىن جۇدىيەنگىچە بولغان دەريا بويىنى بويلاپ شىمالدا جىنشاجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئەينى چاغدىكى جۇڭدىيەن ناھىيەسىگە كىرىپ ئورۇنلىشىپ، داۋاملىق شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، قارلىق تاغ، ئوتلاقتىن ئۆتۈشكە تەييارلىق قىلغان.

ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ياشلار ئىدى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، بۇ قىزىل ئارمىيە قىسمىدىكى قوماندانلارنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى 25 ياشقا يەتمەيدىكەن، شى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى 20 ياشتىن 30 ياشقىچە ئىكەن، ئادەتتىكى جەڭچىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى تېخىمۇ كىچىك ئىكەن. بۇ ياش قوشۇن بۇ يەردىن يولغا چىقىپ، ياخا قارلىق تېغىدىن ئېشىپ، لازابا ئوتلىقىدىن ئۆتكەن. ئۇرۇش داۋامىدا، 160 نەچچە كوماندىر ـ جەڭچى مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەن.

ئەينى يىلى 17 ياشقا كىرگەن چيەن يۈڭفۇ يۇرتى خۇنەندە قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان، 1936 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، قىسمىغا ئەگىشىپ جۇڭدىيەن ناھىيەسىنىڭ جىنجياڭ بازىرى ۋۇجۇ كەنتىگە كەلگەندە، ھاۋاسىغا كۆنەلمەي سۈيى ياقمىغاچقا توختىماي ئىچى سۈرۈپ، ئېغىر دەرىجىدە سۇسىزلىنىپ، ماغدۇرسىزلىنىپ، داۋاملىق ھەربىي يۈرۈش قىلىشقا ئامالسىز قالغان، قىزىل ئارمىيە ئۇنى شۇ جايدىكى يېزا مۆتىۋىرى خې جۇڭشەننىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولغان.

خې جۇڭشەن گومىنداڭنىڭ تەشۋىقاتىغا ئىشىنىپ قالغانلىقتىن، قىزىل ئارمىيە يېتىپ كەلگەندە بىر ئائىلە كىشىلىرى تاغقا چىقىپ يوشۇرۇنۇۋالغان. گەرچە ئۆيدە ئادەم بولمىسىمۇ، قىزىل ئارمىيە بۇ يەردە تۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا بىر ئاز پۇل قالدۇرۇپ قويغان. خې جۇڭشەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، كېسەل بولۇپ قالغان چيەن يۈڭفۇنى كۆرۈپ، ئۇنى گومىنداڭغا تاپشۇرۇپ بەرمەي، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ شۇ جايدىكى ئابرۇيىدىن پايدىلىنىپ چيەن يۈڭفۇنى يوشۇرۇپ قوغداپ، ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاتقان.

«ئۇ بىر چوڭ ئائىلە ئىكەن، ئۆيدە قېچىر، ئاتلار بار ئىكەن، دادام خې ئائىلىسىدە تەخمىنەن يېرىم ئاي يېتىپ كېسەللىنى داۋالىتىپتۇ.» چيەن يۈڭفۇنىڭ چوڭ ئوغلى، بۇ يىل 73 ياشقا كىرگەن چيەن شۈۋېننىڭ ئازادە، پاكىز ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ ئەسلەپ بېرىشىچە، دادىسىنىڭ كېسىلى ساقايغاندا، قىزىل ئارمىيە قىسمى ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەن ئىكەن، ئۇ خې ئائىلىسىنىڭ ئۆزىگە چېتىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆز ئالدىغا تىرىكچىلىك قىلغان. چيەن يۈڭفۇ ۋۇجۇ كەنتىدىن ئايرىلمىغان، ئىشلەمچىلىك قىلىپ شۇ جايدا تۇرۇپ قېلىپ، توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولغان، ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ھازىرغىچە شۇ جايدا ياشاپ كەلگەن.

«دادام كېيىن كەنت ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر بىزگە سەممىي ئادەم بولۇش، پۇختا ئىش قىلىش، تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىش توغرىسىدا تەربىيە بېرەتتى» دېدى چيەن شۈۋېن.

ئۇزۇن سەپەر بىر قېتىملىق غايە ـ ئېتىقاد ئۇلۇغ سەپىرى. چيەن يۈڭفۇدەك كېسەل سەۋەبىدىن سەپتىن چۈشۈپ قالغان جەڭچىلەر گەرچە ئۇزۇن سەپەردىن قېپقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبى سەپداشلىرى بىلەن بىللە باشتىن ـ ئاخىر يىراقتا سەپەر قىلغان، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى ئاشۇ قوشۇننىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇمىغان.

رەھىمسىز ئۇرۇش يىللىرىدا، غايىگە تولغان بۇ ياشلارنىڭ قەلبىدە شېئىرىي ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان.

«پۈتۈمگە توغرا كەلمىگەن ئۆتۈكنى ھەرقانچە چىرايلىق بولسىمۇ ئالمايمەن، كۆڭلۈم چۈشمىگەن جورىنى پەرىشتە بولسىمۇ ئالمايمەن. ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان يالۇڭجياڭ دەرياسى قانداقمۇ كەينىگە ئاقسۇن، يادىن ئېتىلغان ئوق ھەرگىز كەينىگە قايتمايدۇ. بىزنىڭ ئورتاق ئارزۇيىمىز قىزىل ئارمىيە بىلەن ئاخىرغىچە مېڭىش. ئارزۇ! ئارزۇ! ئۇزۇن سەپەرنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىمىز! ئارزۇ! ئارزۇ! زاشىدېلې!»

يۈننەن ئۆلكىسى دىچىڭ زاڭزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر مۇزېيىدا، «ئارزۇ ـ بىر زاڭزۇ جەڭچىنىڭ مۇھەببەت ناخشىسى» تېمىسىدىكى بۇ شېئىر مۇخبىرلارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى.

بۇ زاڭزۇ جەڭچى شائىرنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم ئېسىگە ئالالمىدى، بۇ سەممىي ھەم قىزغىن ھېسسىيات يىللاردىن ھالقىپ، كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى.

«قىزىل ئارمىيە يول بويى قالدۇرۇپ كەتكەن لوزۇنكىلار، تەشۋىقات بۇيۇملىرى، ئوقۇشلۇقلار ھەم باشقا خاتىرە بۇيۇملار، قىزىل ئارمىيە ئەينى يىلى جەڭ قىلغان خارابىلىكلەر، قىزىل ئارمىيە ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقلىرى كىشىلەرنىڭ ئەۋلادلارنى تەربىيەلەيدىغان، كۈرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىدىغان جانلىق دەرسلىك ۋە قىممەتلىك مەنىۋى بايلىققا ئايلاندى» دېدى شاڭگىللا شەھىرى جىنجياڭ بازارلىق مەدەنىيەت يۇرتىنىڭ باشلىقى جاڭ لىگو.

شاڭگىللا شېئىرىي ھېسسىياتقا تولغان جاي. 83 يىل ئىلگىرى، ياش قىزىل ئارمىيە جەڭچىلىرى بۇ جايدىن ئۆتۈپ، قانلىق، ھايات ـ ماماتلىق سىناقلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ، تېخىمۇ كەڭ يىراق جايلارغا يۈرۈش قىلغان!

**(يازغان مۇخبىرلار: دىڭ مېي، شۆ بىلى، لىن بىفېڭ، لى يەن)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، كۇنمىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# بارغانسېرى كۆپ ئاپتوموبىل تۇرپاندا «ئىسسىقلىق سىنىقى»نى باشتىن كەچۈردى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

چىڭقى چۈشتە، تېرمومېتىرنىڭ كۆرسەتكۈچ ئىسترېلكىسى 40 سېلسىيە گرادۇسنى كۆرسەتكەندە، تۇرپان شەھەر رايونىدىن 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاي، ھېچقانداق دالدا يوق قاقاسلىق بولۇپ تېخىمۇ چىدىغۇسىز ئىسسىق ئىدى، ئەمما قاقاسلىق ئويلىمىغان يەردىن جانلىنىپ كەتتى، تۆت قارا رەڭلىك شەھەر دالا ئاپتوموبىلى قاتار تىزىلىپ، پىژغىرىم ئاپتاپتا ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى، گاھىدا تۈز سىزىق بويىچە قوغلاشسا، گاھىدا ئەگرى يولدا سۈرئەتتە بەسلەشتى، بالوننىڭ يەر يۈزىگە سۈركەلگەن ئاۋازى قۇلاق تۈۋىدىن ئۈزۈلمەيتتى.

«بۇ يەر تەتقىقات مەركىزىنىڭ موتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنىڭ مەھسۇلات سۈپىتىنى ئاپتاپقا سېلىپ سىناش مەيدانى، بۇ تۆت ئاپتوموبىل ھەرىكەت ھالىتىدە سىنىلىپ، ئاپتوموبىلنىڭ ئىنتايىن قۇرغاق ئىسسىق مۇھىتتىكى بىخەتەرلىك ئىقتىدارى تەكشۈرۈلۈۋاتىدۇ.» تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇدىرى گو چۈنيۈن تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئۆلچىمى ھەممە ئاپتوموبىل ئىشلەپچىقىرىش سودىگەرلىرىنىڭ ئارزۇسى بويىچە، يېڭىدىن بازارغا سېلىنىدىغان ئاپتوموبىللار جەزمەن بىر يىلدىن ئۈچ يىلغىچە ئاپتاپقا سېلىپ سىنىلىدۇ، تۇرپان ئۆزگىچە تەبىئىي شارائىتىغا تايىنىپ، «تەبىئىيلا» ئاپتوموبىل كارخانىلىرى ئالدىن تاللايدىغان جايغا ئايلاندى.

ئاسىيا ـ ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان تۇرپان قۇرغاق بولۇپ، يامغۇر ئاز ياغىدۇ، ھەر يىلى 6 ـ ئايدىن 8 ـ ئايغىچە بولغان ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا 38 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولىدۇ، 40 سېلسىيە گرادۇستىن يۇقىرى بولغان كۈن سانى 40 ـ 35 كۈنگىچە بولىدۇ، ياز پەسلىدە چىڭقى چۈشتە يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 75 سېلسىيە گرادۇسقا ئۆرلەپ، بىرقەدەر ياخشى بولغان قۇرغاق ئىسسىق مۇھىتتا سىناش شارائىتىنى ھازىرلىغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تۇرپان شەھىرى ئىنتايىن «ئىسسىق بايلىق»نى ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى «ئىسسىق موتور»غا ئايلاندۇردى، تەتقىقات مەركىزىنى قۇرغاندىن كېيىن، ئارقا ـ ئارقىدىن يۈرۈشلەشكەن سىناق مەيدانى ۋە تەكشۈرۈش مەركىزى قۇرۇپ، كارخانىلارنى شۇ جايدا ئەمەلىي سىناق قىلىش، شۇ جايدا تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى چىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، كارخانىلارنىڭ سىناق تەننەرخىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى.

«ئىلگىرى دۆلەت ئىچىدە شارائىت ھازىرلانمىغاچقا، نۇرغۇن ئاپتوموبىل كارخانىلىرى ياۋروپا، ئامېرىكا دۆلەتلىرىگە بېرىپ ئاپتوموبىل سىنىقى قىلاتتى، بۈگۈنكى كۈندە تۇرپاندىكى قۇرغاق ئىسسىق تەبىئىي مۇھىت سىناق بازىسى دۆلەت ئىچىدىكى بوشلۇقنى تولدۇردى» دېدى گو چۈنيۈن.

مۇخبىرلار زىيارەت قىلغاندا دەل جۇڭگو ئېغىر تىپتىكى ئاپتوموبىل گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى ئاپتاپقا سېلىپ سىناش مەيدانىدا ئاپتوموبىل سىناۋاتاتتى. بۇ شىركەتنىڭ ئىنژېنېرى تيەن شۈەيىنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ تەتقىقات مەركىزى بىلەن ھەمكارلاشقىنىغا كۆپ يىل بولۇپتۇ، بۇ يىل 13 خىل ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى ئېغىر تىپلىق ئاپتوموبىلنى تۇرپانغا ئەكىلىپ ئاپتاپقا سېلىپ سىناۋېتىپتۇ. «بۇ بىرقانچە يىلدا تەتقىقات مەركىزىنىڭ باشقۇرۇشى، مۇلازىمىتى بارغانسېرى قېلىپلاشتى، ھەر يىلى يازدا مەن شىركەتنىڭ يېڭى تىپتىكى ئاپتوموبىللىرىنى ئېلىپ كېلىمەن، ئادەتتە 30 ـ 25 كۈندىن كېيىن، يەنە يول ئۈستىدە چېنىقىشنىڭ گولمۇدقا بېرىپ ئېگىزلىك سىنىقى ئېلىپ بارىمەن».

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئاپتوموبىلنىڭ ئۇششاق زاپچاسلىرى، خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى، سولياۋ بۇيۇملار، كاۋچۇك بۇيۇملار قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈردىكى 25 مىڭ خىل زاپچاس ھەم ماتېرىيال تەتقىقات مەركىزىگە ئېلىپ كېلىنىپ «ئىسسىقلىق سىنىقى» قىلىنىدۇ.

گو چۈنيۈن مۇنداق دېدى: بۇلتۇر تۇرپاندا جەمئىي 190 كارخانا، 2150 ئاپتوموبىل، 4800دىن ئارتۇق ئادەم قېتىم ئاپتوموبىل سىنىقى تەجرىبىسى ئېلىپ باردى. «بۇ يىل يازدا ئاپتوموبىل سىناشقا قاتناشقان كارخانا، ئاپتوموبىل ۋە خادىملار بۇلتۇرقىدىنمۇ كۆپ، كۆپچىلىكنىڭ بېرىش ـ كېلىشى، تۇرۇشى، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرالغۇ ۋە قاتنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىستېمال تۇرپاندىن ئىبارەت بۇ كونا ساياھەت شەھىرىنىڭ ‹ئىسسىق ئىقتىساد›نى يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئىگە قىلدى».

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن • قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

# راۋ خۇيتەن: بىر ئۆمۈر ئىنقىلاب قىلىپ، جەڭ مەيدانىدا تۆھپە يارىتىش



راۋ خۇيتەننىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ۋۇخەن، 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر ۋاڭ شيەن) جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 98 يىللىقى پەيتىدە، خۇبېي ئۆلكىسى دايې شەھىرى يىنزۇ بازىرى نەنشەن كەنتىدىكى نەنشەنتوۋ ئىنقىلاب خاتىرە سارىيىدا، بىر مەيدان ئالاھىدە قىزىل مەدەنىيەت لېكسىيە پائالىيىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى. پىنسىيەگە چىققان پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار ۋەكىلى مەيداندىكى ئوقۇتقۇچىلار، پىيونېرلار قاتارلىق 40 نەچچە ئادەمگە راۋ خۇيتەن جياڭجۈننىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، كۆپچىلىكنى تىللاردا داستان بولغۇدەك ئاشۇ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللارنى ئەسلەشكە يېتەكلىدى. ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پىيونېرلار ئوڭ قولنى كۆتۈرۈپ، ئەترەت بايرىقى ئاستىدا تەنتەنىلىك قەسەم بەردى...

راۋ خۇيتەن، 1915 ـ يىلى 3 ـ ئايدا خۇبېي دايېنىڭ يىنزۇ بازىرى نەنشەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1928 ـ يىلى قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان. 1933 ـ يىلى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىقىدىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا رەسمىيلەشكەن. ئىلگىرى خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى ھەربىي رايونى ئالاھىدە ۋەزىپە يېڭىنىڭ لىيەنجاڭى، يېڭىنىڭ جېڭۋېيى بولغان، خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى سوۋېت رايونىنىڭ «قورشاپ يوقىتىش»قا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ۋە ئۈچ يىل پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا قاتناشقان.

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، راۋ خۇيتەن تۇرۇشلۇق خۇنەن ـ خۇبېي ـ جياڭشى قىزىل ئارمىيە پارتىزانلار ئەترىتى يېڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ 1 ـ تارماق ئەترىتى 1 ـ تۈەنىگە قوشۇۋېتىلگەن. 1938 ـ يىلى، يېڭى 4 ـ ئارمىيە 1 ـ تۈەنى تۈڭلىن، فەنچاڭ رايونلىرىدا دۈشمەن ئارقا سېپىدە قوراللىق كۈرەشنى قانات يايدۇرغان. بىر قېتىم، جياڭنىڭ ناھىيەسىدە تۇرۇشلۇق ياپون ئارمىيەسىنىڭ خادىم، قورال ـ ياراغ ئەھۋالىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن، شۇ چاغدا 1 ـ تۈەننىڭ رازۋېدكا سەنمۇسى بولغان راۋ خۇيتەن يەرلىكتىكى ئامما سىياقىدا ياسىنىپ، ئىككى سەپدىشى بىلەن ياپون ئارمىيەسىنىڭ موشتەندىكى تۇرۇشلۇق جايىغا مەخپىي كىرىپ، ياپون ئارمىيەسىنىڭ ئوتتۇرا ئەترەت باشلىقىنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، قىسمنى مۇھىم ھەربىي ئاخبارات بىلەن تەمىنلىگەن.

1942 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، راۋ خۇيتەن يېڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ 2 ـ لۈسى 4 ـ تۈەنى (كېيىن 48 ـ تۈەنگە ئۆزگەرتىلگەن)نىڭ مۇئاۋىن تۈەنجاڭى، قوشۇمچە سەنمۇجاڭى بولۇپ، ئىلگىرى ـ كېيىن كۆپ قېتىم «تازىلاش»قا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ھەمدە چاڭشىڭ جېڭى، جوۋچيېڭ ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتنىشىپ ۋە قوماندانلىق قىلىپ، نۇرغۇن جەڭ تۆھپىسى ياراتقان.

1946 ـ يىلى، راۋ خۇيتەن شەرقىي جۇڭگو دالا ئارمىيەسى 6 ـ زۇڭدۈيى 16 ـ لۈسىنىڭ مۇئاۋىن لۈجاڭى بولغان. 1947 ـ يىلى، بوخەي زۇڭدۈيى 11 ـ شىسى (كېيىن 33 ـ جۈن 99 ـ شىغا ئۆزگەرتىلگەن)غا يۆتكىلىپ مۇئاۋىن شىجاڭ بولغان، كېيىن ئازادلىق ئارمىيە 3 ـ دالا ئارمىيەسى 33 ـ جۈنى 99 ـ شىسىنىڭ شىجاڭى بولغان. خۇەيشيەن جېڭى، جىۋشۇن جېڭى، جىنەن جېڭى، خۇەيخەي جېڭى، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش جېڭى ۋە شاڭخەي جېڭىگە قاتناشقان. چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈش جېڭىدە، ئۇ تۇنجى تۈركۈمدە دەريادىن ئۆتۈپ، دۈشمەننىڭ توپ ئوقىغا قارىماي جەنۇبىي قىرغاققا بۆسۈپ چىقىپ، قىسمىغا قوماندانلىق قىلىپ، دىگاڭنى ھۇجۇم قىلىپ ئالغان.

شاڭخەي ئازاد بولغاندىن كېيىن، 99 ـ شى سۇڭخۇ جىڭبېي سىلىڭبۇسى جامائەت خەۋپسىزلىكى 16 ـ شىسى قىلىپ ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن، راۋ خۇيتەن شىجاڭ بولغان. ئۇ يولداشلار بىلەن بىرلىكتە شاڭخەي شەھىرى ياڭپۇ سانائەت رايونىنى ئاساس قىلغان جايلارنى قوغداشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، جاپادىن قاچماي يېڭى قۇرۇلغان ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى قوغداشقا كۈچ قوشقان.

1952 ـ يىلى، راۋ خۇيتەن ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى 23 ـ جۈننىڭ سەنمۇجاڭى بولغان. 1953 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، 23 ـ جۈننىڭ قوماندانلىق ئورنى دۈشمەن ئايروپىلانىنىڭ كەينى ـ كەينىدىن بومباردىمان قىلىشىغا ئۇچراپ، راۋ خۇيتەن قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 38 ياشتا ئىدى. 1955 ـ يىلى، راۋ خۇيتەننىڭ جەسەت سۆڭىكى چاۋشيەندىن ۋەتەنگە يۆتكەپ كېلىنىپ، شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

قەھرىمان ۋاپات بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى مەڭگۈ ھايات. ئىنقىلابىي قۇرباننىڭ يۇرتىدا، كىشىلەر ئۇنىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئۈزلۈكسىز مەدھىيەلەپ كەلدى. يىنزۇ بازىرى نەنشەن كەنتىنىڭ كەنت كادىرى چېن لىڭشېڭ مۇنداق دېدى: نەنشەن كەنتى نەنشەنتوۋ ئىنقىلاب خاتىرە سارىيى راۋ خۇيتەننىڭ ئەسلىي تۇرالغۇسىنى يېڭى دەۋردىكى مەدەنىيلىك تەربىيە بازىسى قىلىپ، كەنت كادىرلىرى، پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلار، پېشقەدەم پارتىيە ئەزالىرىنى تەشكىللەپ قىزىل مەدەنىيەت لېكسىيە پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. كېيىنكى قەدەمدە، ئۇلار دايې شەھىرى يېڭى دەۋر مەدەنىيلىك ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش مەركىزى بىلەن بىرلىشىپ، قىزىل مەدەنىيەت لېكسىيە پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، يېزا ئاساسىي قاتلام مەدەنىيەت بازىسىنى كۈچەيتىدىكەن.

# «شەرەپلىك ئىنتېرناتسىئونالىزم جەڭچىسى» سەي جىڭگو: بىر ئۆمۈر ھەربىي بولۇپ، قەھرىمانلارچە جان پىدا قىلىش



سەي جىڭگونىڭ سۈرىتى.

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان (شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى تەمىنلىگەن)

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنچاڭ، 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر لىن خاۋ) تومۇز مەزگىلىدە، شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقى ئىچىدىكى قارىغاي ـ ئارچىلار بۆك ـ باراقسان ئۆسكەندى، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە مۇنارى، ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىلىرى، ئىنقىلابىي قۇربانلار خاتىرە سارىيى قاتارلىق جايلاردا، ئېھتىرام بىلدۈرگىلى، ياد ئەتكىلى كەلگەن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. قەبرىستانلىقتىكى خاتىرە سارىيىدا قان داغلىرى، ئوق تۆشۈكلىرى بار بىر يۈرۈش ھەربىي فورما ھەم ئوردېنلار بولۇپ، بۇ ھەربىي فورمىنىڭ ئىگىسى سەي جىڭگو ئىدى.

سەي جىڭگو، 1909 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ يۈگەن ناھىيەسى ۋېنجۇ بازىرى چيەن سەيجيا كەنتىدە تۇغۇلغان، 1929 ـ يىلى 9 ـ ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىغا كىرگەن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ يېزىلىق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، پىيونېرلار ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1932 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قىزىل ئارمىيەگە قاتناشقان. 1933 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان.

1933 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، سەي جىڭگو يۈدۇدىكى گۈڭلۆ پىيادە ئەسكەرلەر مەكتىپىنىڭ 1 ـ قارارىدا ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن مەكتەپتە قېلىپ خىزمەت قىلغان. 1934 ـ يىلى 8 ـ ئايدىن كېيىن، مەركىزىي خەلق قوراللىق باش سەپەرۋەرلىك بۆلۈمى تولۇقلىما 4 ـ تۈەندە لىيەنجاڭ، 3 ـ جۈنتۈەن تەلىم ـ تەربىيە يىڭى 1 ـ لىيەندە پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى، 3 ـ لىيەندە پەيجاڭ قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، سەي جىڭگو 115 ـ شى تەلىم ـ تەربىيە چوڭ ئەترىتى 3 ـ ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى بولغان. پىڭشىڭگۈەن جېڭىدە، تەلىم ـ تەربىيە چوڭ ئەترىتى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان، سەي جىڭگو 3 ـ ئەترەتنى باشلاپ ياردەمگە كەلگەن ياپون قوشۇنىغا باتۇرلۇق بىلەن توسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇرۇش ۋەزىپىسىنى غەلىبىلىك ئورۇندىغان. 1937 ـ يىلى 10 ـ ئايدىن كېيىن، ئۇ 115 ـ شى تولۇقلىما تۈەننىڭ سەنمۇجاڭى، تەلىم ـ تەربىيە 2 ـ شىسى 2 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭى، تەلىم ـ تەربىيە 2 ـ لۈينىڭ سەنمۇجاڭى، جياۋدۇڭ ھەربىي رايونى تەلىم ـ تەربىيە 2 ـ تۈەننىڭ تۈەنجاڭى بولغان.

1945 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن كېيىن، سەي جىڭگو شەندۇڭ دالا ئارمىيەسى 6 ـ شىسىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭى، شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيەسى 4 ـ زۇڭدۈيىنىڭ سەنمۇجاڭى، 11 ـ شىنىڭ شىجاڭى بولغان. 1947 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، 10 ـ شىنىڭ شىجاڭى بولغان، 1948 ـ يىلى تاشەن توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە، 10 ـ شى مۇھاپىزەتچى قىسىم بولغاندا، سەي جىڭگو ئۆزى ئالدىنقى سەپكە كېلىپ قوماندانلىق قىلىپ، پۈتۈن شىنى باشلاپ دۈشمەنگە زەربە بەرگەن، بەش كېچە ـ كۈندۈز جەڭ مەيدانىدىن ئايرىلماي، ئىستىھكامنى چىڭ ساقلاپ، ياردەمگە كەلگەن دۈشمەننى توتۇپ تۇرۇپ، شەرقىي شىمالدىكى دۈشمەننىڭ جەنۇبقا قېچىش يولىنى ئۈزۈپ تاشلىغان.

1948 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، لياۋشېن جېڭى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سەي جىڭگو قىسمىنى باشلاپ 4 ـ دالا ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچى تەركىبىدە شىمالىي جۇڭگوغا كىرىپ، پىڭجىن جېڭىدىكى بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ)نى مۇھاسىرىگە ئېلىش جېڭىگە قاتناشقان. بېيپىڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، قىسمىنى باشلاپ 4 ـ دالا ئارمىيەسىنىڭ ئاساسىي كۈچى تەركىبىدە جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان. 1949 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 40 ـ جۈننىڭ مۇئاۋىن جۈنجاڭى بولغان.

1950 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، سەي جىڭگو 40 ـ جۈن تەركىبىدە ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشىغا قاتناشقان. شۇ يىلى 12 ـ ئايدا، جۇڭگو خەلق پىدائىي قىسمى 50 ـ جۈننىڭ مۇۋەققەت جۈنجاڭى بولۇپ، پۈتۈن جۈننىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. ئۇ قىسمىنىڭ باتۇرلۇق بىلەن جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق قىلىپ، ئەنگلىيە خان جەمەتى تانكا يىڭىنى تولۇق يوقىتىش ۋە ئەنگلىيە ئارمىيەسىنىڭ 27 ـ لۈيىگە ئەجەللىك زەربە بېرىشتەك شانلىق جەڭ نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارمىيەمىزنىڭ پىيادە ئەسكەرلەر بىلەن دۈشمەن تانكىسىغا ھۇجۇم قىلىشى ئۈچۈن جەڭ مىسالى يارىتىپ، تەجرىبە بىلەن تەمىنلىگەن، 1953 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، گۇيچېڭ ۋىلايىتىنىڭ چىڭلۇڭلىدا دۈشمەننىڭ ھاۋا ھۇجۇمىغا ئۇچراپ قۇربان بولغان، شۇ يىلى ئۇ 44 ياشتا ئىدى.

سەي جىڭگونىڭ ئىنتېرناتسىئونالىزملىق روھى ۋە كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى تەقدىرلەش ئۈچۈن، چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا «مۇستەقىللىق، ئەركىنلىك 2 ـ دەرىجىلىك ئوردېنى» ۋە «دۆلەت بايرىقى 2 ـ دەرىجىلىك ئوردېنى» بەرگەن. سەي جىڭگونىڭ جەسەت سۆڭىكى شېنياڭ ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئىنقىلابىي قۇربانلار قەبرىستانلىقىغا يۆتكەپ كېلىنىپ دەپنە قىلىنغان. پىدائىي قىسمىنىڭ مۇۋەققەت سىلىڭيۈەنى، قوشۇمچە مۇۋەققەت جېڭۋېيىسى دېڭ خۇا جياڭجۈن سەي جىڭگونىڭ قەبرە تېشىغا ئابىدە نامى ۋە ئابىدە خېتى يېزىپ بېرىپ، ئۇنى «شەرەپلىك ئىنتېرناتسىئونالىزم جەڭچىسى» دەپ تەرىپلىگەن.

سەي جىڭگونىڭ قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرى «يۈگەن شەخسلەر تەرجىمھالى (3 ـ توم)»غا كىرگۈزۈلگەن، يۈگەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىدارىسىنىڭ ئىدارە باشلىقى يىن شىخۇا مۇنداق بىلدۈردى: «ئىنقىلابىي قۇربان سەي جىڭگو بىر ئۆمۈر ھەربىي بولۇپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى، ئۇ بىزنىڭ مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز ۋە ياد ئېتىشىمىزگە ئەرزىيدۇ».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياك كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)